# مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

پايدىلىق ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىش بىلەن ھازىرقى ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن كۆلەملىك ئىشسىزلىق خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «پىكىر»دە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا ئالتە جەھەتتىكى نۇقتىلىق تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بىرىنچى، كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىلىدۇ. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى ھەق نىسبىتى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدىن ئىش ئورنى مۇقىملاشسا پۇل قايتۇرۇش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسىنى باسقۇچلۇق تۆۋەنلىتىش سىياسىتى بىر يىل ئۇزارتىپ يولغا قويۇلىدۇ. پۇقراۋى كارخانىلار ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش كۈچەيتىلىدۇ، كارخانىلار دۆلەت ئىچى بازىرىنى ئېچىشقا يېتەكلىنىدۇ، كارخانىلارنىڭ خادىم قىسقارتىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىلىدۇ. مەھەللە تۇرمۇشى، ئائىلە مۇلازىمىتى، ساياھەت، ھاۋالىلىك بېقىش، كۈتۈنۈش قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلىدۇ. ئۈنۈملۈك سېلىنما مۇۋاپىق كېڭەيتىلىدۇ، قىسمەن ئۇلئەسلىھە قاتارلىق تۈرلەرنىڭ كاپىتال نىسبىتى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىلىدۇ. ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە تۈزۈم خاراكتېرلىك تەننەرخنى مۇۋاپىق پەيتتە يەنىمۇ تۆۋەنلىتىش تەتقىق قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىش شەرتى تۆۋەنلىتىلىدۇ. يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ھالىتىدىكى خادىملارنى كەسپىي زەخمىلىنىش بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش يولغا قويۇلىدۇ، جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى چەكلەيدىغان نامۇۋاپىق بەلگىلىمىلەر چىڭ تۇتۇلۇپ ئېنىقلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان ياكى ئومۇمىي مەنپەئەت خاراكتېرلىك ئىش ئورنىدا ئىشلەش سىياسەت مۇددىتى توشقان بولسىمۇ يەنىلا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشمىغان قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە قارىتا، سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش مۇددىتىنى بىر يىل ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

تۆتىنچى، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلىدۇ. كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىدۇ، ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش كۆلىمى كېڭەيتىلىدۇ، كەسپىي تەربىيەلەش ئاساسىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. شەھەر - يېزىلاردىكى داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغان تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، 20 ياشتىن تۆۋەن، ئارزۇسى بار تىزىملاتقان ئىشسىز خادىملار ئەمگەك تەييارلىق تۈزۈمى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىشقا تەشكىللىنىپ، بەلگىلىمە بويىچە تەربىيەلەش ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ.

بەشىنچى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى پۇختا ئىشلىنىدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇرىنى كۆزىتىش سىستېمىسى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، توردا ئىشسىزلارنى تىزىملاش كۆزنىكى ئېچىلىپ، ئىشسىز خادىملارنىڭ ئاساسىي ئۇچۇرى، خىزمەت ئىزدەش ئارزۇسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتىدىن رايون ھالقىپ ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. مۇھىم، زور تۈر، مۇھىم، زور قۇرۇلۇش، مەخسۇس تۈزەشنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تەسىر كۆرسىتىشىگە ئىنكاس قوغلاپ تاقابىل تۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ. شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىختىساسلىقلار مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرىنى توردا ئېلان قىلىشى ھەم جەملەپ يۇقىرىغا يوللىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش پىلانى يولغا قويۇلۇپ، تىزىملانغان ئىشسىز خادىملار بىلەن قەرەللىك ئالاقىلىشىش ۋە دەرىجىگە، تۈرگە ئايرىپ مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلىدۇ.

ئالتىنچى، ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تەمىناتى ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈلىدۇ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئېلىش مۇددىتى توشۇپ، يەنىلا ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن پېنسىيەگە چىقىش يېشىغا بىر يىلمۇ قالمىغان خادىملارغا قارىتا، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى قانۇندا بەلگىلەنگەن پېنسىيەگە چىقىش يېشىغا توشقانغا قەدەر داۋاملىق تارقىتىلسا بولىدۇ. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىشسىز خادىملار بەلگىلىمە بويىچە ۋاقىتلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ۋە ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قاتارلىقلار دائىرىسىگە ۋاقتىدا كىرگۈزۈلىدۇ.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، مەبلەغ سېلىش كاپالىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاممىۋى پىكىر تەشۋىقاتى ئارقىلىق يېتەكلەش قاتارلىق بەش تۈرلۈك مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جايلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ساياھەت خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

# ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**ئۆز خەۋىرىمىز** 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ساياھەت خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 2019 - يىلى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەر قايسى جايلارنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، «2020 - يىللىق ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى خىزمەت پىلانى (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» مۇزاكىرە قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار جەزمەن نىشان يۆنىلىشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى توپلاپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ زور تەرەققىيات، تېز تەرەققىيات يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوزغىتىشى كېرەك؛ قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەت خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 — 2020 - يىللىق قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەت خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىشلىق، ئەتىيازلىق ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك؛ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 2019 - يىللىق قىشلىق ساياھەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، 2020 - يىللىق تۈرلۈك ساياھەت خىزمەتلىرىنى ئالدىن پىلانلىشى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىشى، باشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: 2020 - يىللىق ساياھەتچىلىكتە بېكىتىلگەن نىشاننى ئورۇنداشتا، ساياھەت ئىستېمالىنى كېڭەيتىش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈش، زورايتىش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ماركېتنىڭ تەشۋىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ساياھەت ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى سىجىل ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى مەدەنىيەت - ساياھەت خىزمىتىگە مەسئۇل مەسئۇل يولداشلار ۋە مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ توك تارقىتىش پايدىسى نامرات كەنت، كەنت كوللېكتىپى ۋە نامرات ئائىلىلەرگە نەپ يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنى تەسىس قىلىش، ئاممىۋى مەنپەئەت ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش ھەمدە مۇكاپات تولۇقلىمىسى تەسىس قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق توك تارقىتىش پايدىسىنى تەقسىملەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىدۇ. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست مەملىكەت بويىچە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى، نامراتلىق دەرىجىسى ئېغىر، نامرات ئائىلە كۆپ، نامراتلىق دائىرىسى كەڭ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى مۈشكۈل، فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىشتىكى كۈچلۈك تەدبىر. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى نۇقتىلىق رايون قىلىپ، فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىنى پىلانلاپ قۇردى.

ئىگىلىنىشچە، «13 - بەش يىل»دىكى بىرىنچى تۈركۈمدىكى فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرى بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن تولۇق سىغىمدا پۈتۈپ تورلاشتۇرۇلغان.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى ئالاقىدار ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەردىن فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يۈرگۈزۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ، ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش - باھالاش، يۈرگۈزۈش - ئاسراش - باشقۇرۇش ۋە پايدا تەقسىملەش خىزمىتىنى تېزدىن تاماملاپ، قۇرۇلۇشنىڭ يۈرگۈزۈش - ئاسراش - باشقۇرۇش سۈپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، پايدىنى كەنتكىچە، ئائىلىگىچە دەل جايىدا تەقسىملەپ، فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ سىجىل، مۇقىم ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ جاينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا كۈچ قوشىدۇ.




**مۇخبىرىمىز لياڭ ۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 91 ياشلىق پېشقەدەم گېزىتچى لەن جىنخۇا «گېزىت تارىخى سارىيى» دەپ يېزىپ بەرگەن لەۋھە تاختىسىغا يېپىلغان قىزىل شايى يوپۇقنىڭ ئاستا - ئاستا ئېچىلىشى بىلەن تەڭ، خەلقنىڭ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 70 يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق كەچۈرمىشى نامايان بولدى. 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ گېزىتى گېزىت تارىخى سارىيىنىڭ يوپۇقى ئېچىلىپ، «70 يىللىق بوران - چاپقۇن پۈتۈلگەن گېزىت — شىنجاڭ گېزىتخانىسى تارىخى كۆرگەزمىسى» رەسمىي باشلاندى.

«70 يىللىق بوران - چاپقۇن پۈتۈلگەن گېزىت — شىنجاڭ گېزىتخانىسى تارىخى كۆرگەزمىسى» بەش بۆلەككە بۆلۈنگەن: «سەممىي غەمخورلۇق غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ» «قىزىل گېن تومۇرداش» «قاينام - تاشقىنلىق يىللاردا جانلانغان يېزىق» «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەسلىك» «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش». كۆرگەزمە 300 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت، ھۆججەت - ماتېرىياللار، گېزىت بېتى، 180 پارچىدىن ئارتۇق ئەمەلىي بۇيۇم، قول يازما، كىتاب ھەمدە ئۈن - سىن ماتېرىياللىرى، ئېلېكترونلۇق گېزىت ئوقۇش ئېكرانى قاتارلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭ گېزىتىنىڭ جۇمھۇرىيەت بىلەن بىرلىكتە بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن، پارتىيە ۋە خەلق بىلەن قەلبداش بولغان 70 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى ھەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ ۋەتەن قوينىدا ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن شانلىق سەھىپىسىنى سۈرەتلەپ بەردى.

«قىزىل گېن تومۇرداش» كۆرگەزمە رايونىدا، شىنجاڭ پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسى لىيۇ شياڭخۇي ھەر بىر پارچە سۈرەت، ھەر بىر گېزىت بېتىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. «شىنجاڭ گېزىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭ گېزىتىدىكى قىزىل ئىزلىرىنى توپلاپ، قېزىپ ۋە رەتلەپ، پارتىيە گېزىتىنىڭ مەنىۋى ئاتالغۇسىنى ياخشى سىزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى لىيۇ شياڭخۇي.

شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن گېزىتخانا باشلىقى لەن جىنخۇا جىنسۈي گېزىتخانىسىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر فوتو ئاپپاراتىنى گېزىت تارىخى سارىيىغا ئىئانە قىلدى. 1949 - يىلى 11 - ئايدا، ئۇ جىنسۈي گېزىتخانىسىنىڭ خىزمەت ئەترىتىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭ گېزىتىنى باشقۇرۇشنى ئۆتكۈزۈۋالغاندى. لەن جىنخۇا بوۋاي چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ گېزىتى مەيدانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ جىنسۈي گېزىتخانىسىدىكى مۇھەررىرلەرگە قىلغان سۆزىنىڭ روھىدا چىڭ تۇرۇپ، روشەن سىياسىي خاسلىقنى ساقلاپ، مۇستەھكەم ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى تۇرغۇزغان. 8000 پارچىدىن كۆپرەك تىراژى بولۇشتىن پۈتۈن تاراتقۇ يېڭى تىپتىكى گېزىتچىلىك - تاراتقۇ گۇرۇھى بولۇپ قۇرۇلغۇچە، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ «70 يىللىق بوران - چاپقۇن پۈتۈلگەن گېزىت»نىڭ گۇۋاھچىسى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

شىنجاڭ گېزىتىنىڭ گېزىت تارىخى سارىيى 1952 - يىلى گېزىتخانا سالغان تۇنجى ئىككى قەۋەتلىك سوۋېت پاسونىدىكى ئىمارەت ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ياسالغان بولۇپ، بۇ ئىمارەت بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بېكىتكەن يۆتكەشكە بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى. گېزىتخانا تارىخى كۆرگەزمىسى پېشقەدەم گېزىتچىلەر خىزمەت قىلغان چاغدىكى مەنزىرىنى كۆڭۈل قويۇپ قايتا نامايان قىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگرامما خەۋەرىنى قوبۇل قىلغان تېلېگراف ئۈسكۈنىسىنى يىغدى، بىر تۈركۈم مۇھىم ماقالىلەرنىڭ ئەسلىي ئارگىنالى، پارچە نۇسخىسى، ۋاڭ مېڭ، لىيۇ بەييۇ، چېن جۈڭشى قاتارلىق ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ قول يازمىسى، خۇاڭ جوۋ، چى گۇڭ، شۇ شۈجى قاتارلىق داڭلىق كىشىلەرنىڭ نادىر ھۆسنخەت، رەسىملىرىنى رەتلەپ چىقتى. پېشقەدەم گېزىتچىلەردىن ۋاڭ جيەنكې، شۆ چىشيا، زېڭ گۇاڭبېي، جاڭ لى، ئەي مىن قاتارلىقلار گېزىتخانا تارىخى كۆرگەزمىسى ئۈچۈن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى ئاخبارات ئەمەلىيىتىگە گۇۋاھ بولىدىغان ئەمەلىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى.

«ئەۋلادمۇئەۋلاد پارتىيە گېزىتچىلىرى بىزنىڭ يىلتىزىمىز، ‹ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى كۈچلۈك› بولۇشنى ئۆزلۈكسىز ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆككەندىلا، ئاندىن پارتىيە گېزىتىنىڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى دېگەن مۇقەددەس نامغا يۈز كېلەلەيمىز» دېدى 29 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياش مۇخبىر لى ياڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

ئەمدىلا ئاپتونوم رايون «ئانار بۇلۇت» يۇغۇرما تاراتقۇ تېخنىكا سۇپىسى تورىغا چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشقان قۇتۇبى ناھىيەلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چۈنخەي كۆرگەزمە رايونىدا قۇتۇبى ناھىيەلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنىڭ سۈرىتىنى كۆردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «بىر گېزىت، بىر ژۇرنال، بىر تور(بۇلۇت)» تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسى ئاساسەن، شىنجاڭ گېزىتخانىسى(شىنجاڭ گېزىتچىلىك - تاراتقۇ(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى) پۈتۈن شىنجاڭدىكى 85 ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنى قاپلىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۈتۈن تاراتقۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق بۇلۇت سۇپىسى «ئانار بۇلۇت»نى پۈتۈن كۈچى بىلەن بەرپا قىلىپ، گېزىت، سۇپا، تور، تېرمىنال، ئۈندىدار، سىن قاتارلىقلارنى بىر گەۋدە قىلغان تاراتقۇ يۇغۇرما سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ.

شىنجاڭ گېزىتى گېزىت تارىخى سارىيىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گېزىت تارىخى سارىيى گېزىت تارىخى تەربىيەسى بازىسى بولۇپلا قالماي، يەنە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بېرىدىغان بازىغا ئايلىنىدۇ، نۆۋەتتە گېزىت تارىخى سارىيى رەسمىي ئېچىلدى، ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە، پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى ھەقسىز كۈتۈۋالىدۇ ھەم كوللېكتىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى ئالدىن كېلىشىشنى قوبۇل قىلىدۇ.

توردا ئېكسكۇرسىيە قىلىشىڭىز ئىككىلىك كودنى سكانېرلاڭ

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا چىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ «مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى»، خەلق تۇرمۇشى كۆرسەتكۈچى «كۆزنى چاقنىتىپ، قەلبنى ئىللىتتى». بۇ نەتىجىلەر ھەقىقەتەن تەستە قولغا كەلگەن، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، بۇ، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچ ۋە جاسارەت قوشتى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: 2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياخشى ئاساس سېلىش، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ۋەزىپە مۈشكۈل، مەسئۇلىيەت ئېغىر، زور. يۇقىرى سۈپەتلىك «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» كېلەر يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. بىز يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش روھى بويىچە، دوكلاتنى يەنىمۇ تۈزىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دوكلاتنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي يۈكسەكلىككە ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا چىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، كېلەر يىلى بىر يىل تىرىشىش ئارقىلىق، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات ۋە ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ۋەزىيەت ئېچىش، ياخشى قەدەم ئېلىشقا پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى

# فۇ جېنچياڭ ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى فۇ جېنچياڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋېتىپتۇ.